

2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

## ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

مۇھىم خەۋەرلەر

# داۋاملاشما كۆرەش قىلىش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي رېگىدىن يېزا - كەنتلەرنىڭ يۈگمە رەسمىنى سىزىپ چىقىش

(بېشى 1 - بەتتە)

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى باشلانغاندىن بۇيان، كەنت قىياپىتى يىلدا بىر يېڭى تۈس ئالدى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىدىن يېڭى ئارىپا كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى گو تيەنجۈن كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى بۇ يەردە ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتتى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىدىن كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بەنزىسگىچە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىپ ياردەم بەردى ھەم پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلاندى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا جەزمەن يىراق كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندىلا، ئاندىن ئۇنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى بىلەن ئورگانىك جىپسىلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى ماسلىشىپ ياخشى ئىشلەشتە، يېڭى ئارىپا كەنتىنىڭ تاپقان يولى: ئۇل ئەسلىھەلەرنى ياخشى قۇرۇپ، ئۇزاققىچە ئەسقاتىدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، گۈزەل يۇرت - ماكان بەرپا قىلىش؛ كەسىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى قىلىپ، كۆڭۈلنى ئۇتۇپ، ئادەمنى ئېلىپ قېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

«ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تولۇق تاماملانغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالغا سىلجىتىلىدىغىنى يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش بولدى.» گو تيەنجۈن مۇنداق دېدى: «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، تۇرالغۇ مۇھىتى ياخشىلانسا، ئادەم تېخىمۇ روھلۇق بولىدۇ».

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساس؛ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتە، تۇرمۇشنىڭ باياشات بولۇشى ئاساس.» گو تيەنجۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل، يېڭى ئارىپا كەنتى «كەسىپ ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇش» تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى كۈچەپ يولغا قويۇپ، باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، كەنتنىڭ ئىككى باغ - ئورمانچىلىق بازىسىدىكى 856 مو ياڭاقلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھوسۇلنى ئاشۇرۇپ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە كۈچ قوشتى. خىزمەت ئەترىتى بىلەن كەنت «ئىككى كومىتېت»ى تۈت كەنتنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىغا ياردەم بېرىش - يۆلەش، يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، مەھسۇلاتنىڭ نوقۇل كارخانا تەرەققىياتىغا بولغان چەكلىمىسىنى ھەل قىلىپ، تىرىشىپ 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن 344 ئادەمنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. بىر قاتار تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈندۇر، دېدى گو تيەنجۈن.

ۋەكىللەر، ئەزالار ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا توختالدى ——

### «كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكىچە»

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نامرات رايونلارنىڭ كەسىپ تەرەققىياتى جەزمەن كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسىدىن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش پىكىر يولىغا ئالمىشىشى كېرەك.» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى رۇقىيە مەتسەيدى مۇنداق دېدى: كەسىپ تەرەققىياتىدا يېڭىلىق يارىتىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق، يېزا - كەنت تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، يېزىلارنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك.

ۋەكىل رۇقىيەم مەتسەيدى مۇنداق بىلدۈردى: كەسىپ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، ئالدى بىلەن بازارنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىش، پىششىق بىلىش، ئىگىلەش، بولۇپمۇ ئەتراپتىكى بازارلاردىكى شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشكە ئۇدۇللاشتۇرۇش؛ ئۇنىڭدىن قالسا يېزا ئىگىلىك كەسىپ زەنجىرى قىممەت زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىپ، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى، خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، رىقابەتكە كۈچلۈك باي كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش؛ ئاخىرىدا 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى پەيدىنپەي ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىن كەسىپلەرنىڭ گۈللىنىپ ھالقىشىنى تاماملاش كېرەك.

### «ھەرقايسى ھالقىلارنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك»

«لوگىكا جەھەتتىن قارىغاندا، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باشتىن - ئاخىر تومۇرداش.» شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى دىڭ خۇڭ مۇنداق دېدى: نۇرغۇن جايلار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش ئىگىلەش خىزمەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى، بۇنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە داۋاملىق سىڭدۈرۈپ، ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە تۈزۈشكە بولىدۇ.

ئەزا دىڭ خۇڭ مۇنداق تەكلىپ بەردى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى مېخانىزم جەھەتتە جىپسىلاشتۇرۇش، يىرىك پىلان جەھەتتە جىپسىلاشتۇرۇش، سىياسەت جەھەتتە جىپسىلاشتۇرۇش، تەرەققىيات جەھەتتە جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، ئىككىسىنىڭ نىشانىنىڭ بىردەك بولۇشى، خىزمەتنىڭ ئۈزلۈكسىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك بىردەكلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىمنى ئاشۇرالايمەن ——

### «تېخىمۇ ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا»

«1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى كۈنى، ماموت توختى ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيلىرىنى بىرەر قۇر تازىلىغاندىن كېيىن، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بازاردىن سېتىۋالغان گىلەمنى ئېلىپ چىقىپ ئىنچىكىلىك بىلەن كارىدورغا سالدى.

«ئەمگەكچىلەر بايرىمنى ئەمگەك قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، يېڭى ئۆيىمىزنى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرىمىز.» ماموتنىڭ ئىش قىلىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە دېگەن سۆزلىرى خوتۇنىنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈۋەتتى، «تۇرۇۋاتقىلى يېرىم يىلدىن ئاشسىمۇ يەنە يېڭى ئۆي دېگىنىنى.» بۇ گەپنى ئاڭلىغان ماموت «قانچە يىل تۇرساقمۇ يەنىلا يېڭى ئۆي!» دەپ جاۋاب قايتۇردى كەسكىنلىك بىلەن.

بۆلتۈر مۇشۇ ۋاقىتتا، ماموت بىر ئائىلە كىشىلىرى تېخى ئىككى ئېغىزلىق كونا خىش ئۆيدە تۇراتتى، ئۆي تار بولۇپ، تۇرمۇش قولايسىز ئىدى. ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ياردەم تولۇقلىمىسىنىڭ پايدىسىدا، ماموت ئائىلىسىدىكىلەر 110 كۋادرات مېتىرلىق يېڭى ئۆي سېلىۋالدى.

«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى، ئەلۋەتتە ئەڭ زور غەيرىتىم بىلەن يېڭى قىياپەتتە ياشايمەن.» كەنتتە كىچىك لوڭشيا باقمىچىلىقى باشلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ماموت ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي، شۇئان تىزىملاتتى. «بۇ نەرسىنىڭ سېتىلىش باھاسى يۇقىرى، سېتىلىش يولى ياخشى، بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىۋالسام نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىن غەم قىلمايمەن!»

كۆلچەكنى بىر تەرەپ قىلىش، سۇ ئۆتلىرىنى تېرىش، كىسلاتالىق - ئىشقارلىق دەرىجىسىنى تەڭشەش... مۇتەخەسسىسنىڭ يېتەكلىشىدە، ماموت بىر قاتار ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتىنى تاماملىدى.

كۆلچەكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، كىچىك لوڭشيالارنىڭ ئەركىن ئۈزۈپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ماموت مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا چۆمدى.

«ھەر ئايدا 2000 يۈەن كىرىم قىلسام، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزغا كەڭتاشا يېتىدۇ. ياخشى ئىشلەيمەن، تېخىمۇ ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا!» دېدى ماموت تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغدايمىز.

### پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىمىز بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىمىز

خەلق ئارمىيەسى پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى، گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. ئەمەلىيەت يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، خەلق ئارمىيەسى باشتىن - ئاخىر پارتىيە ۋە خەلق تامامەن ئىشىنىدىغان قەھرىمان ئارمىيە.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم ئالاھىدە ئۇرۇش قىلىش لىۋىي قىسمىنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ تيەنمۇ نەق مەيداندا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. ۋاڭ تيەنمۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز قىسىمنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي جەڭ رەقىبىمىزنى چىڭ كۆزلەپ، ئەمەلىي ئۇرۇش مەشىقىنى چىڭ تۇتۇپ، ھەر ۋاقىت جەڭگە كىرەلەيدىغان، جەڭدە غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى مەلۇم ئالاھىدە ئۇرۇش تارماق ئەترىتىنىڭ تارماق ئەترەت باشلىقى ۋاڭ گاڭ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: نەق مەيداندا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتتىق ھاياجانلاندىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەترەتكە قايتقاندىن كېيىن بىرىنچى ۋاقىتتا ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەيمەن. قەتئىي ھالدا پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرىمەن».

شىنجاڭ ئىلى شۆبە ھەربىي رايونى خاساڭ چېگرا مۇداپىئە لىيەنىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئاڭلىغاندىن، كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىشنى قانات يايدۇردى. بۇ لىيەننىڭ جىداۋيۈەنى چېن فېڭگاڭ مۇنداق بىلدۈردى: ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن ئەمەلىي جەڭ قىلىش - ئەمەلىي مەشىق قىلىش، پروگرامما بويىچە مەشىق قىلىش، مەشىقنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەشىقنىڭ ئەمەلىي جەڭ قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز.

### ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىمىز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىمىز

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھەر خىل مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداپ، دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم تۈەنى خەلقئارا ھەربىي ئىشلار مۇسابىقىلىرىدە كۆپ قېتىم ئالتۇن، كۈمۈش مېدال ئېلىپ، دۆلەتكە شان - شەرەپ كەلتۈردى، تۈەنجاڭ دىڭ رىلبېي مۇنداق دېدى: «رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئەڭ مۇھىمى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتۇر».

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم تۈەننىڭ ئۇنىۋېرسال مەشىق مەيدانىدا، ئەمەلىي جەڭ مەشىقى ئەۋجىگە چىققانىدى. بۇ تۈەننىڭ «ئون قىزىل يۇلتۇزلۇق زەمبىرەكچىلەر بەنى» تۇرۇشلۇق لىيەندۈيىنىڭ جىداۋيۈەنى، «1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن تۆھپىكار» دىڭ ۋېيچاڭ مۇنداق دېدى: «بىز پۈتۈن زېھنىمىزنى ئۇرۇش قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر ۋاقىت ‹ئوقنى كىرىچكە قويۇپ، ئېتىشقا تەييار تۇرۇش›تەك جەڭ ھالىتىنى ساقلاپ، بۇرچىمىزنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

راكېتا ئارمىيەسى مەلۇم لۈيىنىڭ سەنمۇجاڭى جاڭ ۋېنبىن مۇنداق دېدى: ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى چىڭىتىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرۈپ، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قەتئىي قوغدايمىز.

چۆل - باياۋاندا تۇرۇپ مەشىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم شىسىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چەكسىز ئىلھام ئالدى، ئىپتىخارلىق ھېسسىياتقا چۆمدى. «دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش شەكلى، ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئەمەلىي جەڭ ھەربىي مەشىقىنى جانلىق قانات يايدۇرۇپ، ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش ئىقتىدارىمىزنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىمىز» دېدى قوماندانلىق لىيەننىڭ جىداۋيۈەنى ۋاڭ جېنجۈن.

### ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىمىز

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقى پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ روشەن سىياسىي ئەۋزەللىكى.

«شىنجاڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش - ئورتاق بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئۇزاق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقىدا ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندۈردى. پەرزەنت ئەسكەرلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتنىشىشتىن باش تارتمىدى، شۇنداقلا ئىزچىل قاتنىشىپ كەلدى. بىز ‹ئارمىيە خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش›تەك ئېسىل ئەنئەنىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، ‹دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش، دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش› جەھەتتە ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى تولۇق قولغا كەلتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشىمىز» دېدى شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم تۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ياڭ شياۋگاڭ.

2018 - يىلدىن باشلاپ، قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى قۇمۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونىنى قارا دۆۋە بازىرىدىكى 19 نامرات ئائىلىگە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى باشلىدى، جەمئىي 190 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، نامرات ئائىلىلەرگە ساغلىق قوي ئېلىپ بەردى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاۋ جيۈن، رېن جياڭ، رايىدە، جاڭ جىلى، قاتناشقان ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋاڭ گويىن، خۇاڭ زۇڭشىڭ، لى جياپېڭ، چېن مىڭ، ليۇ جېڭيى، خۇ جيارۇڭ، ۋاڭ شۇسەي، لۇ ۋېنشەن، زوۋ جۈنيۇ، مى يۈ، تەي خاۋ، ليۇ يۈنلەي، داڭ كې، سۇڭ جو، ۋاڭ خۇڭلى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە باشقا ئالاقىدار دوكلاتلارنى ئاڭلىدى ھەم مۇزاكىرە قىلدى، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلىپ، قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، كۆپچىلىك دۆلەت قاتلىمىدىن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇشنى بىردەك قۇۋۋەتلىدى ھەم قوللىدى. يىغىننىڭ ئىستىلى دۇرۇس، كەيپىياتى توغرا، نەتىجىسى مول، ئەزالارنىڭ مۇزاكىرىسى قىزغىن، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ سىياسىي تەشكىلات ۋە دېموكراتىيە شەكلى بولۇش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. يىغىننىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ئىشەنچنى ئاشۇردى، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملىدى، غەيرەتنى ئۇرغۇتتى.

قىلىپ ئەھيا بۇ مەنزىرىنى ياشلىقى - زېھنى بىلەن، پۈتۈپ چىقتى دۇنيا ئىشىنى مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن. ئۇزاق مۇددەت جاپالىق ئىزدىنىش ۋە بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، بىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ، تىز پۈكمەي، ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىشنىڭ نەتىجىسى، تېخىمۇ مۇھىمى يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىپ، يەلكەن چىقىرىپ قايتا يولغا چىقىش سەپەرۋەرلىكىدۇر. بىز شۇنى چوڭقۇر بىلىمىزكى، ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىسى ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، نىشانغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا شۇنچە تولغان بولىدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگونىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقۇمنى كۈچلۈك كونترول قىلىشتەك ئۇلۇغ كۈرەش ئەمەلىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمى، دۆلىتىمىز دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى ھەم ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشالايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. بىز قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى سىياسىي ئەۋزەللىك ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولسىلا، چوقۇم بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلالايدۇ.

(ئاخىرى 8 - بەتتە)